سادىر قادىر

# چۆلدىكى مەرۋايىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-10686-5
9 787228 106868 >
ISBN 7-228-10686-5
(民文)定价:16.00元



# 瀚海油花

沙德尔·卡德尔

新疆人民出版社

**图书在版编目(CIP)数据**

瀚海由花/沙德尔·卡德尔著;狄里木拉提译. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.12
ISBN 7-228-10686-5

Ⅰ.瀚…　Ⅱ.①沙…　②狄…　Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)、汉语　Ⅳ.1227

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第160485号

责任编辑:艾克巴尔·艾力
责任校对:扎米拉·菲达依
封面设计:米尔扎提·阿不都拉·塔吉

**瀚海油花**　(维吾尔文)

沙德尔·卡德尔　著

狄里木拉提·泰来提　译

---

**新疆人民出版社出版**
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆生产建设兵团印刷厂印刷
850×1194毫米　32开本　6.25印张　4插页
2006年12月第1版　2006年12月第1次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7-228-10686-5　定价:16.00元



**沙德尔·卡德尔**，1968年6月出生在莎车县白什坎特镇图弯巴格伊力克村一个干部家庭。1987年分配到塔西南勘探开发公司石化厂工作。

本科学历。现在塔西南石油勘探开发公司党群部宣传科工作。

沙德尔·卡德尔先后在各类报刊上发表了千余份新闻报导及摄影作品，同时还发表了300多首诗歌、散文等作品。其作品主要发表在《塔里木》、《油泉》、《新疆青年》、《新疆日报》、《乌鲁木齐晚报》等报刊上。有30多篇文章（汉文）发表在国内一些知名报刊上。

他创作的《人民的儿子为人民而忧》、《石油骄子》等文章发表在《中国政治思想研究》杂志上；《高亢的旋律》被选入由中国文史出版社出版的《纵观中国改革开放》一书中。《故乡·莎车》1996年被选入由莎车报社出版的文选《叶尔羌文苑》中，在社会上产生了积极影响。

他的题为《我们是石油工人》的摄影作品在2001年8月举办的中国石油新闻作品展中获三等奖。

1998年成为克拉玛依市文联会员，同时成为《新疆日报》和《工人时报》特邀记者。

《瀚海油花》这部诗文集选入了他的精典作品，歌颂了石油工人战天斗地的英雄气概及辉煌业绩，描写了他们火热的生产生活场景，并展望了中国石油工业的美好前景。

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

ئانا دەريا ........................................ 1

پايانسىز زېمىن ........................................ 2

قۇملۇق كۆركى ........................................ 4

قۇملۇقتىكى نېفىت گۈلى ........................................ 5

كۆكياردىكى كۈلكە ساداسى ........................................ 7

تۇتاش قەلبلەر ........................................ 8

شاۋقۇن سالار نېفىت دەرياسى ........................................ 10

نېفىتچىلەر مارشى ........................................ 11

نېفىتچىگە قىزىل گۈل تۇتاي ........................................ 12

مانا بۇ — غەمخورلۇق، قوللاش، يار ـ يۆلەك ........................................ 13

جەنۇبتىكى نۇرلۇق مەرۋايىت ........................................ 16

قۇياشقا ئىنتىلىپ ياشايمىز خۇشال ........................................ 18

تۆھپىكارلار شەجەرىسى ........................................ 20

ئايغا باقتىم ........................................ 21

ئىتتىپاقلىق سائادەتنىڭ ئاساسى ........................................ 23

قۇچاق ئاچتى بەخت دىلدارى ........................................ 25

يېشىل شەھەر، ئېسىل شەھەر ........................................ 26

نېفىتچى قىز ........................ 27
نۇر چاچماقتا مەرىپەت ........................ 28
ئۆچمەس ئىزلار ........................ 29
ئەنبەر پۇرايدۇ ........................ 30
نېفىتلىكتە باھار بەزمىسى ........................ 31
چۆلدىكى مەرۋايىت ........................ 32
سېغىنىش كۈيى ........................ 33
سەن مېنىڭ پەخرىم ........................ 34
كۈيباغ قىزى ........................ 36
ياشلىق ساداسى ........................ 37
شائىر يازار ئوتلۇق داستانلار ........................ 38
نېفىتلىكنى كۆرۈپ كەت (ئېيتىشىش) ........................ 39
«مەرۋايىت» ........................ 41
ئەھدىم بار، ئەقىدەم بار ........................ 42
تەبرىكنامە ........................ 43
ئېيتقىن ۋىسال قۇچمىز قاچان ........................ 45
مۇئەللىمنى قاتسام كۈيۈمگە ........................ 46
دەيمۇ، يار ........................ 48
ئەل ئوغلىمەن ........................ 49
قايىلدى ........................ 50
ھايات ئىشقى ........................ 51

مېھنەت ساداسى ........................ 52
يانمايمەن قارارىمدىن ........................ 53
بەخت ناخشىسى ........................ 54
ۋىشكىلارغا قونۇپ ئولتۇرۇپ ........................ 55
ئۇنۇتمايدۇ ........................ 56
خۇشال كۈن ........................ 57
پەرىشتە ........................ 59
ئورۇن ئالدىڭ قەلبىم تۆرىدىن ........................ 60
ياڭرايدۇ كۈيۈم ........................ 61
ئەلچىجا ........................ 62
سەپەر يالداملىرى ........................ 64
تەكلىماكاندىكى گۈدۈك ئاۋازى ........................ 69
بۈيۈك ئابىدە ........................ 71
كۆندىلىك خاتىرەمدىن تەرمىلەر (نەسر) ........................ 72
بەخت تىلەش (نەسرلەر) ........................ 75
ئابىدە (نەسر) ........................ 80

# 目录

序言……1
母亲河……1
大漠天空……3
苍茫大地……5
瀚海油花……7
库克亚尔的笑声……9
心语……11
奔涌的石油河……13
石油人进行曲……15
送一束鲜花给你……17
关怀、支持、帮助……19
南方明珠……22
向往太阳……24
英雄榜……26
望月……28
友谊是幸福的基石……30
幸福的怀抱……32
绿色城市……34
石油姑娘……36
校园晨光……37

永不磨灭的足迹……39
芳香……40
春的旋律……41
瀚海珍珠……42
思念……43
你是我的骄傲……44
歌声里的姑娘……46
青春回响……47
诗人的灵感……48
快来看看石油城……50
珍珠……52
我的誓言……54
贺电……56
何时再相见……58
教师颂……60
情深似海……62
难道……65
我是人民的儿子……66
淹没……67
生命……68
劳动之歌……69
志坚不移……70
幸福之歌……71
坐在塔顶……72
铭记……74

快乐的一天……75
天仙……77
你在我心中的位置……79
歌声僚亮……81
祈求……83
旅途拾贝(组诗)……85
塔克拉玛干的气笛……90
丰碑……92
青春日记……94
哎,北京来的好干部……95
零星日记(散文)……98
祝福(散文)……101
塔克拉玛干(散文)……105
丰碑(散文)……107

# 序言

塔里木油田公司塔西南
勘探开发公司党委书记

眼前的这部诗歌集精选了诗人沙德尔·卡德尔创作的一批饱含石油灵魂的诗歌及散文，反映了新疆石油工人经历的风尘岁月以及用鲜血生命换回的辉煌业绩，从侧面描述了他们生产生活的丰富场景。他们在无边无际的大漠留下了永不消失的足迹，这一点从作者火热的激情可以十分鲜明地看出来。

当你读到这部诗集时，你会感到自己时而在无际的旷野与石油工人一起风餐露宿，时而又觉得自己的一份深深的恋情就在那里，你会清晰地看到他们所留下的足迹在向你心中延伸。

精选的作品具有浓郁的生活气息和艺术感染力，这种魅力来自作者对石油工人生活的细微体验。而诗人本身就曾经是一位满身油泥的石油工人。他在石油一线及从事宣传工作的20年经历中，对石油故乡有着深厚的感情，这给他的创作奠定了坚实的基础，其

作品充分展示了他丰厚的生活阅历和独到的创作风格。

《瀚海油花》是献给塔西南勘探开发公司成立53周年及塔西南勘探开发公司第五届党代会的一份珍贵礼物。

祝愿作者今后能创作出更多反映石油人艰苦创业的精品力作。

# كىرىش سۆز

تارىم نېفىتلىك شىركىتى غەربىي جەنۇب تارىم
چارلاش ـ ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى:
**شاۋ بو**

قولىڭىزدىكى توپلامغا شائىر سادىر قادىرنىڭ نېفىت روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر تۈركۈم شېئىر ھەم نەسىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ بۇ شېئىرلاردا شىنجاڭ نېفىت ئىشچى-لىرى بېسىپ ئۆتكەن ھەم شانلىق، ھەم جاپالىق مۇساپە، ئۇلارنىڭ قان تەرىدىن ھاسىل بولغان يېڭىچە تۇرمۇش ھەم تەرەققىيات، ئۇلار پايانسىز قۇملۇقلاردا قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلار، ئۇلار ياراتقان نۇرلۇق سەھىپىلەر، چىن ھەم قايناق ھېسسىيات ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىر ھەم نەسرلەر بىلەن ئۇچراشقان ئوقۇر-مەن ئۆزىنى بەزىدە چۆل ـ جەزىرىلەر قوينىدا نېفىت ئىزلەش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان جەسۇر ئىشچىلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك، بەزىدە نېفىتچى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ قاي-ناق سۆيگۈسىگە گۇۋاھچى بولۇۋاتقاندەك سېزىدۇ. ئاشۇ پاياد-سىز قۇملۇقلار قوينىدا قان ـ تەر تۆكۈۋاتقان قەيسەر نېفىت-چىلار توپلامنى ۋاراقلاۋاتقان ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە ئۆچمەس

# پايانسىز زېمىن

قۇملۇق
قاقاس رەڭلەردە
بويىماقتا تەڭرى ئۆيىنى
رەڭلىرى سويۇلغان قاغجىراق رەسىم
يا بىر ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇم
تۇيۇقسىزلا بايقالدى···
غەربكە سوزۇلغان پايانسىز قۇملۇق
سىيرىلىپ
كۆمۈۋەتتى يىل جىلغىسىنى
پېتىۋاتقان كۈن
سەپەر ئازاۋىنى تارتتى يەتكۈچە
كارۋانلار بىلەن بىللە
كەچكى شامال گۈلخان بويىدا
سۆزلەپ بەرمەكتە
كروران ھەققىدە قىزىق ھېكايە
كەچكى كۈننىڭ ئاداققى نۇرى
جىمى سۈپەت، غەمكىنلىكلەرنى
جەم قىلماقتا تارىم سۈيىگە
توغراقلار

بالقىپ چىقىپ لاي ساھىللاردىن
قۇلاق سالار زېمىن كۆيىگە
شاماللار
مەلھەم بولۇر جاراھىتىگە
قەدىمىي ئاھاڭ
يوقالماس قوۋم
يەنىلا بۇ پايانسىز يەرنىڭ
يىراقلاردىن قالغان ئۆز رېڭى



# قۇملۇق كۆركى

ئۇ گوياكى كۆيۈۋاتقان كۆك،
يوق ئۇنىڭدا
باھاردىكى سەھەر جىملىقى،
يوق يامغۇرنىڭ يېپيېڭى ھىدى،
يوق كۈزنىڭكى مول ھوسۇللىرى،
يوق قىشنىڭكى قار ھوسۇللىرى،
يوق قىشنىڭكى قار ئۇچقۇنلىرى،
ئۇ گوياكى تىمتاس بىر دېڭىز،
دولقۇنلىرى بولسىمۇ ھەيۋەت،
شاۋقۇنلىرى ئاڭلانماس پەقەت،
بولسىمۇ گەر قەدىم ئەگرى يول،
يوق بىر نىشان، مېڭىش تەس قەۋەت،
قۇملۇق كۆركى
بازىرىدۇر قۇملۇق قوۋمنىڭ،
رىۋايىتىدۇر توغراقلارنىڭ،
كىيىمىدۇر بارخانلارنىڭ.
قۇملۇق روھى قۇم - بورانلىرى
قۇم تارىخى ھەسرەتلىك كۈيى.

# قۇملۇقتىكى نېفىت گۈلى

زېمىننى بىردىنلا سالدى لەرزىگە،
نېفىتچى يىگىتلەر ئېيتقان ناخشىلار.
كۆكتىكى يۇلتۇزلار جىمىرلىتىپ كۆز،
دېيىشتى زېمىندا كۆپكەن ياخشىلار.

بۇرۇنقى شىغىللىق ـ قاقاس سايلىقتا،
قۇرۇلدى ھەيۋەتلىك بىر گۈزەل شەھەر.
بولدۇقلاپ، شاۋقۇنلاپ قوينىدا نېفىت،
بەختتىن بېشارەت بەردى تاڭ سەھەر.

ئاسمانغا بوي سوزغان قاتار ۋىشكىلار،
كوئېنلۇن باغرىغا قوشتىغۇ زىننەت.
بۇرغىچى ئەجرىدىن كۈلدىغۇ بۈگۈن،
دىللارغا ھاياجان بېغىشلاپ جەننەت.

تاڭ سەھەر سامادا پارلىدى قۇياش،
نېفىتچى مەڭزىنى سۆيدى تاتلىق نۇر.
باھارنىڭ شوخ ـ تېتىك گۈلدۈرمامىسى،
ياڭراتتى ئۆزگىچە ھۆرلۈك ئۈچۈن خور.

كۇئېنلۇن باغرىدا ياسىدى قاينام،
ئەل ـ ئاۋام تەنتەنە قىلىپ بەختىمگە.
نېفىتچى مەردلەرنىڭ تۆككەن قان ـ تەرى،
چۆللۈكتە باغ ئاتا قىلدى خەلقىمگە.

تۇتاشتى يۈرىكى ئىشچى ـ دېھقاننىڭ،
بەختىنىڭ مارشىغا ئوينىدى ئۇسسۇل.
بۇرغىچى مەردلەرگە تۇتتى ھۆرمەتتە،
نازىنىن قىزچاقلار ئىككى قوللاپ گۈل.



# كۆكياردىكى كۈلكە ساداسى

باھاردا گۈل ـ چېچەك ئېچىلغان چاغدا،
كۆكياردا يەر مېيى ئېتىلغان چاغدا.
نېفتچى ئىشچىلار ياڭراتتى ناخشا،
گوياكى بۇلبۇلدەك سايرىغان باغدا.

تۇيۇقسىز سىلكىنىپ تىترىدى زېمىن،
تاشقاندا باغرىدىن نېفت ھەيۋەتتە.
بۇ ئىدى باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسى،
كۇئېنلۇن شادلىنىپ كۈلدى ھۆرمەتتە.

كۈي قېتىپ قەدىمى، تارىم دەرياسى،
ياڭراتتى ھەر يانغا بەخت ساداسى.
باشلاندى چېلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى،
يەتتى كۆك ئاسمانغا شادلىق ناۋاسى.

ئاسماندىن يۇلتۇزلار چاچتى چاچقۇلار،
ئەل ـ ۋەتەن بەختىنى تەبرىكلەپ شۇئان.
شائىرلار تەۋرىتىپ بەس ـ بەستە قەلەم،
نېفتلىك شەنگە يېزىشتى داستان.

# تۇتاش قەلبلەر

نېفت ئىشقى تۇتاشتۇرغان قەلبلەر،
گۈلخان بولدى، سوغۇقلاردا، جۇدۇندا.
ۋەتەن ـ ئەلنىڭ ئىستىقبالى ـ ئەتىسى،
قۇياش كەبىي پارلىماقتا ئالدىمدا.

يۈرەكلەر ئوت، تەڭدىشى يوق ھارارەت،
ۋۇجۇدلاردا جۇش ئۇردۇ جاسارەت.
ياراتماقتا نېفتچىلار جان تىكىپ،
ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن سائادەت.

ياشار ئۇلار قۇياش تامان ئىنتىلىپ،
قۇياش بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز نۇر چېچىپ.
مۈشكۈللەرنى باش ئەگدۈرۈپ قەدەمدە،
كەلگۈسىگە داغدام كەڭرى يول ئېچىپ.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك بىر نىيەت،
ئۇيۇلتاشتەك ئۆتەر بولۇپ يار ـ يۆلەك.
بىر ـ بىرىگە جان تەسەددۇق ئەيلىشىپ،
قاقاس چۆلدە ئېچىلدۇرار گۈل ـ چېچەك.

نېفتچىلار تۇتاشتۇرغان يوللاردا،
چاچتى پۇراق ئېتتىپاقلىق گۈللىرى.
داۋانلاردىن داۋانلارغا ئاتلىدى،
سۆيۈنگەچكە پاك سۆيگۈدىن دىللىرى.

زوقلاندۇرار، تۇتاش - تۇتاش بىنالار،
قۇچىقىدا ھەممە مىللەت بەختىيار.
تۇتاش - تۇتاش زاۋۇتلارغا قاراڭلار،
ئاڭا باقسا چۇلغار دىلنى ئىپتىخار.

تۇتاش دىللار رىشتى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس،
سۆيگۈ ئەھلى ئۆتەر مەڭگۈ ھەمنەپەس.
تۇتاش دىللار يورىتىدۇ ئالەمنى،
تۇتاش قوللار كۆتۈرىدۇ تاغنى دەس.

تۇتاش قوللار بىنا قىلغان بوستانلار،
قۇچىقىدا ناۋا ئەيلەر بۇلبۇللار.
تۇتاش قوللار ئەجرى بىلەن كۆكلەيدۇ،
تۇتاش يىلتىز، تۇتاش نوتا - سۇمبۇللار.

تۇتاش دىللار ياڭراتقان شوخ كۈيلەردە،
نېفتلىكنىڭ ئىستىقبالى نامايان.
تۇتاش ناخشا، تۇتاش كۈيلەر ئۈزۈلمەس،
سىلىپ ئەلنىڭ يۈرىكىگە ھاياجان.

# شاۋقۇن سالار نېفىت دەرياسى

شاۋقۇن سالار نېفىت دەرياسى،
كۆلەر شوخ ـ شوخ بەخت رەناسى.
ئىش قاينىغان قۇملۇق قوينىدا،
ياڭرار ئەجەب مەردلەر ناۋاسى.

شاۋقۇن سېلىپ نېفىت دەرياسى،
ئويغىتىدۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.
بېغىشلايدۇ كۆرەشچانلارنىڭ،
ۋۇجۇدىغا غەيرەت ـ شىجائەت.

شاۋقۇن سېلىپ نېفىت دەرياسى،
ئۇرغىتىدۇ تومۇردا قاننى.
ئىستىقبالدىن بېرىپ بېشارەت،
يايرىتىدۇ جىمىكى جاننى.

شاۋقۇن سالسا نېفىت دەرياسى،
تاڭ سەھەرگە ئايلىنار ئاخشام.
نېفىتچىگە ياڭرىتىپ ئالقىش،
بېرەر دېھقان يالقۇنلۇق سالام.

# نېفتچىلار مارشى

نېفتچى بىز قەلبى ئوت يۈرەك،
مۇشكۈللەرگە ئەگمەيدىغان باش.
ۋەتەن ئۈچۈن ئالىمىز نېفت،
گۇۋاھ ئاڭا كۆكتىكى قۇياش.

يۈرەكلەردە ۋەتەن سۆيگۈسى،
بىزنى ھەردەم ئالغا يېتەكلەر.
نېفتلىككە تۆكىمىز قان ـ تەر،
ئىزىمىزدىن گۈللەر پورەكلەر.

قاقاس چۆلدە شۇۋرغان ـ بوران،
تاۋلار بىزنىڭ ئىرادىمىزنى.
ۋەتەن ئۈچۈن قۇچۇپ شەرەپ ـ شان،
نۇرلاندۇردۇق ئوبرازىمىزنى.

بىز ياڭراتقان ئوتلۇق ناخشىلار،
قاناتلىنىپ ئۈچتى ئاسمانغا.
تارىخ پۈتتى ئالتۇن ھەل بىلەن،
بىزنى تالاي ئوتلۇق داستانغا.

# نېفتچىغا قىزىل گۈل تۇتاي

نېفتچىغا ھۆرمىتىم چوڭقۇر،
ئىككى قوللاپ قىزىل گۈل تۇتاي.
مېھنەت سۆيگەن ئەزىمەتلەرنىڭ،
يۈرىكىنى خۇش قىلىپ ئۆتاي.

ۋەتەن، ئەلگە ئاتاپ بارىنى،
جان تەسەددۇق قىلدى نېفتچى.
چۆل ـ جەزىرە، باياۋانلاردا،
يۈرۈشنى شەرەپ بىلدى نېفتچى.

ئەل، ۋەتەننىڭ كۆزلەپ بەختىنى،
ئۆتتى ئۆمرى جەڭگاھتا ھامان.
فونتانلىغان چاغلاردا نېفت،
خۇشاللىقتا ئەيلىدى خەندان.

شۇ پىداكار نېفت ئىشچىسى،
كۆكرىكىگە تاقاي قىزىل گۈل.
ئۆمۈر بويى ئۇنى مەدھىيلەپ،
بولاي خۇددى چىمەندە بۇلبۇل.

# مانا بۇ — غەمخورلۇق، قوللاش، يار - يۆلەك

— دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋېن جىياباۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەت قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تارىم نېفىتلىك شىركىتى غەربىي جەنۇب تارىم چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. گېزىت خەۋىرى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى،
قوينىدىن بايقالدى مەرۋايىت — نېفىت.
نامراتلىق قالپىقى چۆرۈپ تاشلىنىپ،
قۇچاقنى كەڭ ئاچتى ئەل - يۇرتقا بەخت.

مەركەزدىن رەھبەرلەر كەلدى بىر - بىرلەپ،
نېفىتلىك شەھىرىنى كەچۈردى كۆزدىن.
مانا بۇ — غەمخورلۇق، مانا بۇ — قوللاش،
خۇشاللىق بالقىدى جىمىكى يۈزدىن.

كۆرسەتتى رەھبەرلەر نىشاننى ئېنىق،
بەردى ھەم نېفتچى مەردلەرگە ئىلھام.
ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بولدى زور مەدەت،
ئىشچىلار تۆھپىنى ئەيلىدى ئىنئام.

بۇرۇنقى قاقاس چۆل ئورنىدا بۈگۈن،
قۇرۇلدى ھەيۋەتلىك گۈزەل بىر شەھەر.
خۇشاللىق ئىلكىدە ئۈيىندۇق ئۇسسۇل،
تاپقاندەك گويا كى ئالتۇن ۋە گۆھەر.

ئايلاندى نېفتلىك قاينام، دېڭىزغا،
رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى كۆتۈردۇق ئېگىز.
بەختنىڭ تۇلپارى چۇشتى بەيگىگە،
قالدۇرۇپ تارىخنىڭ بەتلىرىدە ئىز.

ئىشچى ۋە دېھقاننىڭ تۇتاشتى قەلبى،
بولغاچقا پارتىيە مەدەتكار - يۆلەك.
دېيىشتۇق ئىشىمىز تاپقۇسى روناق،
زەپەرلەر قۇچقاندا يايرايدۇ يۈرەك.

سەممىي غەمخورلۇق، سەممىي ئۈمىد،
بەرگەچكە نېفتچى جىسمىغا رىغبەت.
مۇشكۈلنىڭ بېلىنى ئۇشتۇپ قەدەمدە،
قىلدۇق بىز ئەل ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت.

سوۋغاتلار سۇندۇق بىز قۇتلۇق تويلارغا،
ۋەتەنگە تۆھپىدىن قايتۇرۇپ جاۋاب.
شەنىمىز كۈيلەندى، جاراڭلاپ ناخشا،
زوۋانغا كىرگەندە داپ، دۇتار، راۋاب.

بەختىنىڭ ئىلكىدە يايرىدۇق خۇشال،
ئارزۇلار كۆل ئاچتى تاپقاچقا ۋىسال.
نىفتلىك شەھىرىنىڭ ئەتىسى گۈزەل،
ئەۋلادلار بۇ يۇرتتا تاپقۇسى كامال.

# جەنۇبتىكى نۇرلۇق مەرۋايىت

جەنۇبنىڭ ئاسمىنى كەتتى نۇرلىنىپ،
ئۈچ يۇلتۇز* جۇلالاپ تارقاتقاچقا نۇر.
بەختىگە تەنتەنە قىلدى خەلقىمىز،
قولغا ـ قول تۇتۇشۇپ جاراڭلىتىپ خور.

قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ئىچىلدى بەختى،
ئاقسۇ ۋە ئاتۇشنىڭ نۇرلاندى تەختى.
مېھنەتنىڭ گۈللىرى ئېچىلدى خۇشبۇي،
مەردلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقاچقا ئەھدى.

مۆجىزە ياراتتى باتۇر ئىشچىلار،
نېفىت ۋە ئوغۇتنى ھەسسىلەپ قاتلاپ.
نىشانغا يول ئالدى كۆكرەكلەر كېرىپ،
شان قۇچتى قەدەمدە داۋانلار ئاتلاپ.

ئۈچ يۇلتۇز پارلىدى ـ دىللار يايرىدى،
چىمەندە بۇلبۇللار خۇشال سايرىدى.
ھاللانغاچ دېھقانلار چىقاردى بارماق،
بوستانلار جەننەتتەك زېمىن ئايىندى.

ئىشچى ۋە دېھقاننىڭ تەقدىرى ئورتاق،
ئۈزۈلمەس رىشتىسى باغلانغاچ مەھكەم.
ۋەتەننى گۈلىستان قىلىش ئارمىنى،
قول تۇتۇپ ئىقبالغا تاشلار تەڭ قەدەم.



(*) «ئۈچ يۈلتۇز» ـــ غەربىي جەنۇب تارىم نېفىتلىكىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز زاۋۇتى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# قۇياشقا ئىنتىلىپ ياشايمىز خۇشال

بىز نېفىت ئىشچىسى غايىمىز يۈكسەك،
قۇياشقا ئىنتىلىپ ياشايمىز خۇشال.
ئەل يۇرتقا توختاۋسىز كەلتۈرسەك شەرەپ،
مۇقەددەس ئارزۇلار تاپىدۇ ۋىسال.

بۇ ئانا ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن،
ھەتتا بىز جانىمىزنى ئەيلەيمىز پىدا.
كۆكلەرگە تاقاشقان ئاشۇ بۇرغىلار،
قېتىلغان ئەمەسمۇ بىزنىڭ ناخشىغا؟!

تېپىلسا قەيەردىن نېفىت قۇدۇقى،
بىز شۇئان بۇرغىلاپ ئالدۇقمۇ نېفىت.
كۆلدۈققۇ قاقاقلاپ قۇچقاندا زەپەر،
دېدى ئەل شۇڭلاشقا «يارايسەن، يىگىت».

ئەل - ۋەتەن كۆكلىسە ئەجرىمىز بىرلە،
بولىدۇ بېشىمىز كۆككە يەتكەندەك.
سۆيۈنۈپ كېتىدۇ قەلبىمىز بىزنىڭ،
ئانا يەر گوياكى باغاش ئەتكەندەك.

قۇياشقا ئىنتىلىپ ياشايمىز خۇشال،
قۇياشتىن نۇر ئېلىپ ئاشىمىز داۋان.
پارتىيە مەددەتكار، غەمخور، يار ـ يۆلەك،
ئىستىقبال يولىمىز داغدام، كەڭ، راۋان.



# تۆھپىكارلار شەجەرىسى

نېفتلىك باغرىغا باغلاپ مۇھەببەت،
پىداكار ئالىملار كەلدى يىراقتىن.
ئەل - ۋەتەن زوقلىنىپ كۈلدى شادىمان،
يورۇسا قۇملۇقلار مەشئەل - چىراقتىن.

چاقنىدى جەڭگاھتا ياشلىق باھارى،
ئەجرىگە قىلچىمۇ قىلمىدى مىننەت.
بەردىغۇ نېفتلىك تۆھپىكارلارغا،
تائەبەت يوقالماس، بىباھا قىممەت.

شۇڭلاشقا مەردلەرنىڭ پۈتۈلدى نامى،
تارىخنىڭ بېتىگە ئالتۇن ھەل بىلەن.
كارۋان بوپ ئۆيۈشتى ئالىملار ھەر دەم،
قوللارنى - قوللارغا تۇتۇپ ئەل بىلەن.

ئۇنتۇلماس تۆھپىكار، كۆمۈلمەس ئىزلار،
ئەل - ۋەتەن قەلبىدە ئۇلار بىر داستان.
ئۇنۇتماس تۆھپىكار مەردلەرنى مەڭگۈ،
ئۇنۇتماس ئەبەدىي يەر بىلەن ئاسمان.

# ئايغا باقسام

ئاي مۆكۈنگەن تىمتاس كېچىدە،
خەيرلەشتۇق سېنىڭ بىلەن يار.
شۇندىن بېرى يۈرەكتە ئاتەش،
كۆرۈشەلمەي ئۆتتۇق بىز دىدار.

ھەر سېغىنسام سېنى مەن، دىلبەر،
يۇلتۇزلارنى قىلىمەن ھەمراھ.
قىلالمىدىم سۆيگۈگە تاقەت،
ئاھ، ھىجرىڭدە يۈرىكىم دەريا.

مىنۇت ماڭا بىلىنەر يىلدەك،
سەن يادىمغا يەتكەندە، نىگار.
كېچىدىمۇ يوقتۇر ئاراملىق،
سېنى چۈشەپ ئۇيقۇدىن بىدار.

ئايغا قاراپ ئېيتىمەن ناخشا،
ئىشق دېگەن يامانكەن شۇنداق.
قاندۇرمىساڭ سۆيگۈگە مېنى
يىغان چەكمەي قىلىمەن قانداق؟

ئۆتتى ئۇزاپ تالاي كېچىلەر،
پىنھانلاردا سېنى ياد ئېتىپ.
ئايغا باقتىم كەلمىدى جاۋاب،
بەزەن تولاپ مۇڭلارغا پېتىپ.

كۆز ئالدىمدا يىراق چۆل، سەھرا،
كۆكنى سۆيگەن ھەيۋەت ۋىشكىلار.
قۇدۇقلارنى تۇرار ئارىلاپ،
يۇلتۇزلاردەك سانسىز ئىشچىلار.

چىقماس مەڭگۈ ئېسىمدىن، يارىم،
خوشلىشاردا ئېيتقان سۆزلىرىڭ.
«نېفىت ئېلىش بۇرچۇم» دېگەندە،
خۇشاللىققا تولغان كۆزلىرىڭ.

خەت يېزىپسەن، ئامرىقىم، يەنە،
ئىزھار قىلىپ ئوتلۇق يۈرەكنى.
ئەلمۇ رازى، سەنمۇ ھەم رازى،
قىلسام ئادا كۈتكەن تىلەكنى.

# ئىتتىپاقلىق سائادەتنىڭ ئاساسى

قولاق سالغىن دوستلار، مېنىڭ سۆزۈمگە،
ئىتتىپاقلىق سائادەتنىڭ ئاساسى.
ئىناق ئۆتمەي روناق تاپماس ئىشمىز،
ئىتتىپاقلىق پارتىيىنىڭ جاكاسى.

بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ دەپتىكەن،
كەچمىشلەردىن ساۋاق ئېلىپ كونىلار.
«ئىتتىپاق بول، ئۇيۇلتاش بول، روناق تاپ»،
دېگەن يەنە كۆپ تەكىتلەپ بوۋىلار.

يېتىپ دوستۇم ۋەسىيەتنىڭ تەكتىگە،
ئىتتىپاق بول، ئىناق ئۆتكىن ئەل بىلەن.
بارچە مىللەت دىل رىشتىنى باغلىشىپ،
زەپەر قۇچسا پۈتەر تارىخ ھەل بىلەن.

ئىتتىپاقلىق باغلىرىدا گۈل بولۇپ،
ئۆمۈر بويى پورەكلىگىن، ئېچىلغىن.
بۆلگۈنچىگە ئېتىپ نەپرەت تېشىنى،
ئۇلۇغ كارۋان سەپلىرىگە قېتىلغىن.

ئىتتىپاقلىق باغلىرىدا مېۋە بەر،
قىلغان سۆزۈڭ دىلغا ياقار بال بولسۇن.
كۆكرىكىڭدە چاقناپ شەرەپ مېدالى،
ئىزلىرىڭغا گۈل - چېچەكلەر لىق تولسۇن.



# قوچاق ئاچتى بەخت دىلدارى

يۇرتىمىزدا نېفىت گۈلى ئېچىلىپ،
كەلدى ئەلنىڭ ئامىتى، قوش باھارى.
چۆرۈپ تاشلاپ نامراتلىقنى يىراققا،
قوچاق ئاچتى بىزگە بەخت دىلدارى.

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئاتۇش كىيدى تاج،
نېفىت بىلەن تونۇۋالدى يەر شارى.
مەدەت بەرگەن بۇ بەختىيار زامانغا،
نەزمە توقتۇق — بۇ كۆڭۈلنىڭ ئىزھارى.

دېدۇق نېفىت ئىشچىسىنى ئۇلۇغلاپ،
ئۇ ۋەتەننىڭ تۆھپىكارى — شۇڭقارى.
جەڭگاھلاردا زەپەر قۇچۇپ چاپچىغان،
ھارماس دۇلدۇل تەڭرىتاغنىڭ تۇلپارى.

نېفىتچىلەر بولدى بىزگە يار يۆلەك،
كۆلدى چۆللەر، بولدى جەننەت قۇچاغى.
بارچە دېھقان دېدى «ياشا نېفىتچى»،
ئەجرىڭ بىلەن تاشتى بەخت بۇلاغى.

# يېشىل شەھەر، ئېسىل شەھەر

قويۇق ئورمان، گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن،
بىزنىڭ نېفىت شەھىرى ئوخشار جەننەتكە.
بۇ زېمىننى گۈللەش ئۈچۈن تەر تۆككەن،
ئەزىمەتلەر ئىگە چوڭقۇر ھۆرمەتكە.

قان تومۇردەك ئاسفالتلىق يوللاردا،
سۇرمەكتىمىز چىن بەختىنىڭ پەيزىنى.
يېشىل شەھەر، ئېسىل شەھەر، قويىندا،
ئورۇنلىدى نېفىتچىلەر لەۋزىنى.

ئەدەپ ـ ئەخلاق ساماسىدا نۇر چاچقان،
بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئەزەلدىن.
تۆھپىكارلار ئۇلۇغلىقى بىلىنەر،
ئۆي ـ ئۆيلەردىن ئۇچقان ناخشا ـ غەزەلدىن.

تولۇن ئايمۇ زوقى كېلىپ، تەلمۈرۈپ،
بىزنىڭ ئېسىل شەھىرىمىزگە باقىدۇ.
گۈزەل شەھەر قۇچىقىدا بۇلبۇللار،
ناۋا ئەيلەپ خۇشال قانات قاقىدۇ.

## نېفتچى قىز

نېفتچى قىز، ئوتلۇق كۆزلىرىڭ،
يۈرىكىمنى قىلدىغۇ شەيدا.
قالغاچ ساڭا رىشتىم باغلىنىپ،
بولدۇم دائىم يېنىڭدا پەيدا.

قۇياش سۆيگەن ئانار يۈزۈڭگە،
مەنمۇ سۆيسەم بولماسمۇ، گۈزەل؟
كۆز ئالدىمدا پارلىساڭ شۇئان،
يۈرىكىمدىن تاشىدۇ غەزەل

بالقىپ تۇرار گۈزەللىك سەندىن،
سۆزۈڭ تاتلىق ھەسەلدىن، قەندىن.
گۈلخان كەبى سۆيىمەن شۇڭا،
ئازابلارنى يوشۇرۇپ سەندىن.

# نۇر چاچماقتا مەرىپەت

باقسام ھەر چاغ مەرىپەت گۈلزارىغا،
كۆزگە چۈشەر سانسىز كىچىك پەرۋانە.
ئۇ نېفىتچى يۈرىكىنىڭ پارىسى،
كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىسى مەردانە.

ئوزۇق ئېلىپ ئۇلار گۈلدىن، ئىلىمدىن،
پەرۋاز قىلار قۇۋۋەت تاپار، يول تاپار.
ئۆتەر كۈنى سۇرۇپ بەخت پەيزىنى،
كومپارتىيە قۇياش كەبى نۇر چاچار.

مەرىپەتنىڭ گۈلزارىدا باغۋەنلەر،
قۇربان قىلار بارلىقىنى ئەۋلادقا.
ئىلھاملىنىپ يازار شائىر داستانلار،
ئامەت تىلەپ يېڭى چىققان قاناتقا.

چاچ - ساقلى ئاقارسىمۇ جاپادا،
ئۇستازلارنىڭ چېھرىسىگە كۈلكە يار.
باسقان ھەربىر قەدىمىدىن ئۇلارنىڭ،
گۈللەردىن نۇر، خۇش پۇراقلار تارقىلار.

# ئۆچمەس ئىزلار

(پېشقەدەم نېفىت ئىشچىلىرىغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

بىر چاغلاردا ياش ئىدىڭلار، شاش ئىدىڭلار،
كارۋانلارغا كومپاس بولغان باش ئىدىڭلار.
سەپ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ ماڭغان مەغرۇر،
مۇشكۇللەردىن قورقماس خۇددى تاش ئىدىڭلار.

بەيگىلەردە ئات چاپتۇرۇپ ھۆررا سېلىپ،
جۇدۇنلارغا، خىرىسلارغا بوي بەرمىگەن.
مېھنەت بىلەن چۆل قوينىنى بوستان قىلىپ،
گۈل ـ گىياھسىز باياۋاننى باغ ئەيلىگەن.

تۈزۈپ ئۇلۇغ پىلانلارنى سەپەرلەردە،
ۋەزىپىنى قاتلاپ ـ قاتلاپ ئورۇنلىغان.
ۋەتەن ئۈچۈن كېچىپ راھەت پاراغەتتىن،
ئەل ئىشقىدا گۈلخان بولۇپ لاۋۇلدىغان.

پېشقەدەملەر زوقلىنىمىز ئىزىڭلاردىن،
ئۆتتى تارىخ بىر مۆبىرلەپ كۆزۈڭلاردىن.
ئەجرىڭلاردىن بىنا بولغان باغلار ئارا،
تەشەككۈرلەر ياغار ئوغۇل ـ قىزىڭلاردىن.

# ئەنبەر پۇرايدۇ

ھەر ئايلانسام نېفىت يۇرتىنى،
قۇچىقىدىن ئەنبەر پۇرايدۇ.
ۋۇجۇدۇمغا تولۇپ ھاياجان،
خۇددى گۈلنىڭ ھىدى تارايدۇ.

نېفىت شەھىرى گۈزەل بىر جانان،
ئۇ مېنىڭدىن سۆيگۈ سورايدۇ.
ساداقەتتە ئېچىلدۇرسام گۈل،
مېنى نازۇك قىزلار ئورايدۇ.

ئىپتىخارىم، پەخرىم بۇ شەھەر،
سانسىز كۆزلەر كۈلۈپ قارايدۇ.
نېفىتچىنىڭ شۆھرىتى ـ شانى،
ئەجرى بىلەن ھەر يان تارايدۇ.

# نېفىتلىكتە باھار بەزمىسى

كوچىلاردا ئۈزۈلمەس ئادەم،
كۆز يەتكۈسىز دېڭىزدەك گويا.
قايناق بەزمە قىلار دىلنى رام،
ياڭراپ تۇرغان خۇشال كۈي ـ ناۋا.

ئۆي ـ ئۆيلەردە باھار شادلىقى،
سۆيۈندۈرەر كۆڭۈلنى ناخشام.
توي تارتىشىپ ئوينايمىز ئۇسسۇل،
ھايات قوۋناق سەھەر ۋە ئاخشام.

قۇچقاچ نۇسرەت چېلىشچان ـ مەردلەر،
قان ـ تەر بىلەن چۆللەرنى گۈللەپ.
شائىر بۈگۈن يازدى نەزمىلەر،
تۆھپىكارنى زوق ـ شوقتا كۈيلەپ.

# چۆلدىكى مەرۋايىت

قارىسام قەلبىمدە قوزغار ھاياجان،
ماي بىلەن لىق تولغان كۈمۈش رەڭ باكلار.
ئىپتىخار ئىلكىدە ياڭراتتىم ناخشا،
ئالقىشلار ياڭراتتى يېشىل ياپراقلار.

شۇ قەدەر قامەتلىك، شۇ قەدەر مەغرۇر،
زېمىندىن ئاسمانغا بوي سوزغان مۇنار.
ۋەتەننىڭ ئۈمىدى مۇجەسسەم ئاڭا،
ئاسمەن نەزمىدىن ئۆزگىچە تۇمار.

چۆلدىكى مەرۋايىت — نېفىت ئۈنىڭدا،
ۋەتەنگە خىزمەتلەر قىلماقنى كۈتەر.
شۇ نېفىت ئىشقىدا تالاي نېفىتچى،
كۆڭلىرى جەڭگاھتا مەنىلىك ئۆتەر.

# سىغىنىش كۈيى

قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن، جانان،
سېنىڭ گۈلدەك گۈزەل چېھرىڭگە.
بىر سۆيۈشنى قىلارمەن ئارمان،
قاندۇرساڭچۇ ئوتلۇق مېھرىڭگە.

يۈرسەڭ جېنىم ۋىشكا ئارىلاپ،
جامالىڭغا بولىمەن شەيدا.
پىراقىڭدا ئۆرتۈنۈپ يۈرەك،
ئۇھ ئۇرارمەن ھەممىلا جايدا.

ئاھ، سىغىنىش ئىلكىدە يانار،
يۈرىكىمدە سۆيگۈ گۈلخانى.
بىرەلمىدىم ئىشقىڭغا چىداش،
بولار مەنمۇ سۆيگۈ قۇربانى؟!

# سەن مېنىڭ پەخرىم

سۆيگۈڭ دىلدا ياسايدۇ قىيان،
نېفىت شەھىرى، ھۆسنۈڭگە باقسام.
دەيمەن بولۇپ مىسلى بۈركۈتتەك،
ئاسمىنىڭدا شوخ قانات قاقسام.

تارىخىڭنى كۆرسەم ۋاراقلاپ،
ئۇلۇغ زاتلار ئۆتۈپتۇ سەندە.
ئاتاپ پۈتكۈل ۋەسلى بارىنى،
قان - تەرلەرنى تۆكۈپتۇ سەندە.

نەزەر تاشلاپ خانتەڭرى ساڭا،
ھەيران قاپتۇ ماي بۇلاقلارغا.
ئاسمان - زېمىن چېچەپ چاچقۇلار،
قوشۇپ ئاپتۇ كۈي - قوشاقلارغا.

دەپتۇ سېنى بايلىقنىڭ كانى،
ئىستىقبالى پارلاق شۇ قەدەر.
بۈگۈندىن ئەتىسى گۈزەل،
يۇلتۇزلارغا ماكان بۇ شەھەر.

ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن،
كۆكنى سۆيدى بۈگۈن ۋىشكىلار.
ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى زېمىن،
تەر تۆككەچكە باتۇر ئىشچىلار.

گۈل تاجىسى ئانا ۋەتەننىڭ،
سۆيۈنمەكتە سېنىڭدىن خەلقىم.
شەنىڭ ئۈچۈن ياڭراتسام كۈيلەر،
ئورۇنلىنار يىگىتلىك ئەھدىم.

ئۆمرۈم بويى سۆيىمەن سېنى،
ئەي نېفىتلىك، سۆيۈملۈك شەھەر.
قۇچۇپ شانلار تاپقايسەن كامال،
ئانام ئۆزۈڭ، كۆيۈملۈك شەھەر.

# كۈيباغ قىزى

كۈيباغ قىزى ــ غۇنچە بوي، جانان،
سېنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدىم.
باققانىدىڭ تەبەسسۇم بىلەن،
كۈلكەڭدىنلا چىن ھۇزۇر ئالدىم.

سېنىڭ ئاشۇ جەسۇر قامىتىڭ،
تارىم گۈلى بولۇپ تۇيۇلدى.
بىلەمسەنكىن پاك مۇھەببىتىڭ،
ۋۇجۇدۇمغا كېلىپ قۇيۇلدى.

ئۆزۈم كەتتىم جەڭگاھقا بىراق،
ئېلىپ قالدىڭ يۈرىكىمنى سەن.
جاۋاب بەرگىن ئىنتىزار قىلماي،
كۈلدۈرگىنە تىلىكىمنى سەن.

# ياشلىق ساداسى

تۇرخۇنلارنى ئارىلايمەن يار بىلەن،
كېزەر شادلىق كۈيى ھەر چاغ دىلىمنى.
نېفتلىككە باغلانغاچقا ئەقدەم،
دەريا كەبى شاۋقۇنلاتتى مېھرىمنى.

چاتقاللىقنى قىلدىم ماكان تالاي كۈن،
پۇراپ يۇلغۇن ھىدلىرىنى تاشلىقتا.
ئارمانلىرىم ئاشتى خۇشبۇي گۈللەردەك،
ئۈرگۈپ تۇرغاچ سۆيگۈ گۈزەل ياشلىقتا.

چۆلدە زاۋۇت قەد كۆتۈردى كۆك سۆيۈپ،
ھەممە ياقتا ياڭرار شادلىق ساداسى.
ئاق مەرمەردىن چېچىپ ئەلگە چاچقۇلار،
قىزىماقتا ئىشچانلارنىڭ ناۋاسى.

# شائىر يازار ئۇتلۇق داستانلار

كەلدۇق كۆكرەك كېرىپ مەردانە،
نېفىت ئېلىش ئىشقىدا چۆلگە.
ئالدۇق نېفىت زېمىن باغرىدىن،
قاقاس چۆللەر ئايلاندى گۈلگە.

يۈرەكلەردە يېلىنجاپ ئارمان،
مەنزىللەرگە باشلىدى بىزنى.
مۈشكۈللەرنىڭ بېلىنى قاتلاپ،
ئېچىلدۇردۇق شەرەپ گۈلىنى.

قاقاس چۆلنىڭ قوينىغا سانسىز،
ۋىشكىلارنى تىكلىدۇق ھەيۋەت.
ئىنسان ئاياغ باسماس چۆللەردە،
بولدى بۈگۈن گۈزەل بىر جەننەت.

نېفىتلىكنىڭ ئەتىسى پارلاق،
چېچەك ئاچتى گۈزەل ئارمانلار.
نېفىتچىنىڭ شەنىگە ئاتاپ،
شائىر يازار ناخشا ـ داستانلار.

# نېفىتلىكنى كۆرۈپ كەچ

**(ئېيتىشىش)**

ئا: كېلىپ چېۋەر نېفىتچى،
ۋىشكىلارنى ئورناتتى.
ب: نېفىت چىقىپ تارىمدىن،
يۈرەكلەرنى ياياراتتى.

ئا: فونتانلىدى قۇدۇقلار،
چىقتى نېفىت، چىقتى گاز.
ب: تەنتەنە قىلىپ يۈرۈگقاش،
چالدى ناغرا، چالدى ساز.

ئا: قورۇلغاچقا ئۈچ زاۋۇت،
يايراپ كەتتى يۈرەكلەر.
ب: ئىشقا ئاشتى ئاخىرى،
كۈتكەن ئارزۇ ـ تىلەكلەر.

ئا: مەرۋايىتتەك ئوغۇتلار،
توشۇلماقتا ھەر يانغا.

ب: ئوخشاپ ئاشلىق، پاختىلار.
كەلدى ئامەت دېھقانغا.

ئا: تالاي يىللار ياتقان چۆل،
بوستان بولدى قارىساق.
ب: كۆيلىرىمىز تۆگىمەس،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىساق.

ئا: مۆڭگا چۆككەن چۆل - سايدا،
سالدۇق بىنا رەتمۇرەت.
ب: كېلىپ دوستلار، قوينى كەڭ،
نېفىتلىكنى كۆرۈپ كەت.

## «مەرۋايىت»

سەھەرادىن كەلگەن بىر دېھقان ماڭا،
«بالام، مەرۋايىت تېپىپ بەر» دېدى.
«گەر لازىم بولسا بېرەي مىڭ تىللا،
مەرۋايىت دانچىسىنى ئېلىپ بەر» دېدى.

باشلاپ دېھقاننى قايناق بازارغا،
كۆرسەتتىم مەرۋايىت بار جايىنى ئاڭا.
«ياق» — دېدى بېشىنى چايقاپلا دېھقان،
تونۇشتۇر دېمىدىم زەرگەرنى ماڭا؟

مەرۋايىت دېگىنىم ئوغۇت بىلەمسەن؟
زاۋۇتنۇڭ قەيەردە كۆرۈۋالاي مەن،
ئالتۇندىن ئوغۇتنى ئەلا كۆرىمەن؟
مەرۋايىت مېھرىگە قېنىۋالاي مەن.

باشلىدىم بوۋاينى زاۋۇتقا دەرھال،
سۈت كەبىي مەرۋايىت دېگىزى تامان.
بېھساب بايلىققا ئېرىشتىم شۇئان،
خۇشاللىق تەختىدە كۈلگەندە دېھقان.

# ئەھدىم بار، ئەقدەم بار

ھۇۋلايدۇ بوران - چاپقۇن،
ئۇچار قۇم ئىدىر - سايدا.
قەلبىمدە نېفىت ئىشقى،
يۇرسەم ھەممىلا جايدا.

تومۇز ئاپتىپى - ئاتەش،
قۇرۇتار دىماغلارنى.
ئىشلەيمەن نېفىتلىكتە،
ياڭرىتىپ قوشاقلارنى.

ئۆتتى ياشلىقىم چاقناپ،
چۆلگە باغلىدىم رىشتە.
ئەجرىمدىن، ئەقدەمدىن،
سۇندۇم ئەلگە گۇلدەستە.

نېفىتلىكنى ئۆي قىلدىم،
قۇملۇق قوينىنى دىلدار.
ئەل ئۈچۈن شەرەپ قۇچماق،
ئەھدىم بار، ئەقدەم بار.

# تەبرىكنامە

تىترىتىپ قۇملۇقنى گۈلدۈرمامىلار،
نېفىتلىك بايقالدى تەكلىماكاندا.
ھۆسنىنى كۆرسەتتى نېفىت دىلبىرى،
تەنتەنە باشلاندى بۈگۈن ھەر ياندا.

تەڭرىتاغ سۆيۈندى، جۇڭغار تۇتتى گۈل،
سۇنماقتا بۇغدامۇ ھۆرمەت شارابى.
تىلسىمنىڭ سىرلىرى ئېچىلدى بىر ـ بىر،
بۇ نېفىت يۇرتنىڭ ئەلگە جاۋابى.

كۆز تىكتى كائىنات، كۆز تىكتى ئۇپۇق،
تارىمغا گۈللەرمۇ ياپتى كەڭ يوپۇق.
كۈيلىسەم ناخشامدا نېفىتچىلەرنى،
بولماقتا نامايان سەپەردە ئۇتۇق.

قارىسام پايانسىز قۇملۇق باغرىغا،
ۋىشكىلار ئورمىنى تۇرىدۇ قاتار.
فونتانلاپ چىققاچقا زېمىندىن مايلار،
قەلبىمنى چۇلغىدى چەكسىز ئىپتىخار.

# دەيمۇ، يار

بىر جۇپ قارا شەھلا كۆزۈڭنى،
بۇلاق دەيمۇ چولپان دەيمۇ، يار.
سىياقىڭنى، ئاي جامالىڭنى،
جانغا قالقان لوقمان دەيمۇ يار.

ماڭا سالغان ئىشقى ئوتۇڭنى،
يالقۇنجىغان گۇلخان دەيمۇ، يار.
نېفىتلىكنىڭ ئىپتىخار ـ بەخرى،
تىلدا غەزەل ـ داستان دەيمۇ، يار.

بەيگىلەردە تاڭ قالسا ئالەم،
سېنى ھارماس كارۋان دەيمۇ، يار.
نېفىتلىكتە قۇچساڭ شان ـ شەرەپ،
قىلدى كۆكتە جەۋلان دەيمۇ، يار.

# ئەل ئوغلىمەن

ئەل ئوغلىمەن، ئەل پەرۋانىسى،
ئەل ئىشقىدا يۈرىكىم لاۋا.
ئەلگە پىدا ئەيلىسەم جاننى،
مېنىڭ ئۈچۈن دۇرۇس ۋە راۋا.

كوئېنلۇننىڭ باغرىدا نېفت،
ئايرىپ ئۆتتى مەنىلىك ئۆمرۈم.
ئەلنى رازى قىلسام قايسى چاغ،
ئەمىن تاپار مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم.

سېلىم بوۋا ئىزىنى باسماق،
يۈرىكىمگە پۈكۈلگەن ئارمان.
ئوت دېڭىزىغا كىرەرمەن مەغرۇر،
ئەگەر ۋەتەن چۈشۈرسە پەرمان.

ئەل ـ ۋەتەنگە قىلىپ كۆپ خىزمەت،
ئۆز بۇرچۇمنى قىلسام مەن ئادا.
جاراڭلايدۇ قۇلاق تۈۋۈمدە،
كۆپلەپ شەرەپ قۇچ دېگەن سادا.

ئىلھامىنىڭ قىزلىرى قىلغاچ تەبەسسۇم،
نېفتچى شەنىگە ياڭراتتىم كۈيلەر.
توي تارتىپ شادلىققا چۆمۈلدى بۈگۈن،
جىمىكىي يۈرەكلەر، جىمىكى ئۆيلەر.

ۋەتەنىنىڭ ھۆسنىگە بەردى يېڭى تۈس،
بولدۇقلاپ بۇلاقتا «قاپقارا ياقۇت».
«ياقۇت»نىڭ ئىشقىدا ئىشلەر ئىشچىلار،
چۆللەردە تىنىمسىز يۈرەكلىرى ئوت.

بەرىكەت ئۈستىگە ياغماقتا بەرىكەت،
ۋەتەنگە يۈزلەندى بەخت ـ سائادەت.
مەن دېدىم كامال تاپ قەدىمىي دىيار،
نەزمەمدە ئىلھاملار بىرەي داۋامەت.

# ئېيتقىن ۋىسال قوچىمىز قاچان

بىز تونۇشقان سۆلىرى سۆزۈك،
شۇ بۇلاقنى بويلامدىغانسەن.
مەن سېغىنسام ئەگىيمەن كېلىپ،
سەنمۇ مەندەك ئويلامدىغانسەن؟

ئۆتتى يىللار ئۇچراشماي، جانان،
دىدارىڭغا بولدۇم ئىنتىزار.
ساداقەتتە سۆيىمەن سېنى،
ئەقىدەمگە بەرمىگىن ئازار.

كۆنلەر ماڭا بىلىندى يىلدەك،
كۆرۈنمگەچ سېنىڭ جامالىڭ.
قىينار دىلنى ئىشقى - پىراقىڭ،
كېلىپ كەتكىن بولسا ئامالىڭ.

پىراقىڭدا قەلبىم چېكەر دەرد،
كۆرەلمگەچ ھۆسنۈڭنى، جانان.
قىينىمىغىن چاڭقاق دىلىمنى،
ئېيتقىن ۋىسال قوچىمىز قاچان؟!

# مۇئەللىمنى قاتتىق كۆيۈمگە

مۇئەللىمنى قاتتىق كۆيۈمگە،
سۆيۈندۈ شۇ قەددەر دىلىم.
ئۆسكەچكە مەن ئۇنىڭ مېھرىدە،
ئەقىل تېپىپ ئىگىلەپ بىلىم.

شۇڭا ئۇنىڭ مۇبارەك نامى،
يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئويۇلغان.
ئەجىر - مېھرى ئىلىم - پەن بىلەن،
ۋۇجۇدۇمغا تىنىماي قويۇلغان.

مۇئەللىمنى قاتتىق كۆيۈمگە،
تۈگىمەيدۇ دىلدىكى ناخشام.
ئېشىپ بارار ھۆرمىتىم شۇنچە،
ئۇستازىمنىڭ چېھرىگە باقسام.

چۈنكى ئاشۇ باغۋەن ئەجرىدە،
بولدۇم ئەلگە يارامىلىق ئادەم.
ئۇنىڭ مېھرى تاراتمىسا نۇر،
گۈزەللىككە تولامتى ئالەم.

مۇئەللىمنى قاتسام كۈيۈمگە،
ئىپتىخارغا چۆممەن قەۋەت.
ئۇنىڭ ئىللىق مېھرى دىلىمدا،
قوزغار ئوتلۇق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

ئەۋلاد ئۈچۈن ئۆتەر تەر تۆكۈپ،
بارلىقىنى بېغىشلاپ شۇنداق.
ئازلىق قىلار ئەجىر ـ ھەققىگە،
ياڭراتساقمۇ بىر ئۆمۈر قوشاق.

# قاپلىدى

رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى باغ ئارا،
كائىناتنى باھارىستان قاپلىدى.
ھەر يۈرەكتە ئىشقى ئاتەش نەزمىلەر،
يۇرتىمىزنى كۈي ۋە داستان قاپلىدى.

سايرىدى قۇشلار سامادا پەر قېقىپ،
دىل بېغىمنى بىرلا خەندان قاپلىدى.
ۋىشكىلار قەددىنى كۆككە يەتتى دەپ،
شوخ نېفىت شاۋقۇنى قونتان قاپلىدى.

قالدى تاڭ ئەھلى جاھاننىڭ ئۇشبۇ دەم،
يۇرتىمىزنى ھۆر نۇرىستان قاپلىدى.
كىشنىگەي چۆللەردە جەڭگاھ دۇلدۇلى،
بۇ نېفىتلىكنى شەرەپ ـ شان قاپلىدى.

# ھايات ئىشقى

«ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت»،
مىنۇتلىرىنى بىلمەن ئالتۇن.
ھاياتلىق ئۈچۈن تەلپۈنگىنىمدە،
ئوتلۇق يۈرىكىم تارتار يالقۇن.

ھاياتنى سۆيۈپ كۈلمەن مەغرۇر،
تۇرسىلا سوقۇپ يۈرىكىم ئويغاق.
ھەر باقسام ئۈمىد ئۇپۇقلىرىغا،
مەنزىلىم شۇنچە كۆرۈنەر پارلاق.

ئىجاد ئىشقىدا ئىزدەنگىنىمدە،
چېھرىمنى چۇلغار ئىپتىخار ـ شادلىق.
ئەجرىمدىن ئەلنى قىلمەن رازى،
قۇچاق ئاچقاچقا ماڭا ھاياتلىق.

## مېھنەت ساداسى

تۇرخۇنلارنى ئارىلايمەن يار بىلەن،
كېزەر شادلىق كۈيى ھەر چاغ ھەر يانىنى.
نېفىتلىككە بولغان سۆيگۈ، مۇھەببەت،
ئۇرغۇتىدۇ تومۇرلاردا ساپ قاننى.

چاتقاللىقنى قىلدىم سەيلە تالاي رەت،
پۇراپ يۇلغۇن چېچەكنى شادلاندىم.
ئارمانلىرىم قاناتلاندى بىردىنلا،
يەڭ شىمايلاپ جەڭگاھلارغا ئاتلاندىم.

چۆلدە رەت ـ رەت قەد كۆتۈرگەن زاۋۇتلار،
ھەممە ياقتا ياڭرار مېھنەت ساداسى.
ئاق مەرمەردىن چېچىپ ئەلگە چاچقۇلار،
تۇرغۇزۇلدى مول ھوسۇلنىڭ ئاساسى.

# يانمايمەن قارارىمدىن

نېفىتچى قىز، ئىشچان قىز،
ئاي خىجىل جامالىڭدىن.
باغلاندى ساڭا رىشتىم،
يانمايمەن قارارىمدىن.

نېفىتچى قىز، ئىشچان قىز،
كۆرسەتكىن دىدارىڭنى.
توزۇتما ۋاقىتسىزلا،
پەسلى نەۋ باھارىڭنى.

نېفىتچى قىز، ئىشچان قىز،
قوچساق شان ـ زەپەرلەرنى.
ئەتكەيمەن داۋام مەڭگۈ،
بىرلىكتە سەپەرلەرنى.

# بەخت ناخشىسى

كېلمەن ئايدىڭدا شادلىنىپ، كۈلۈپ،
يار بىلەن يانمۇيان ناخشىلار ئېيتىپ،
ماتورلار جور بولۇپ، ناخشامغا مېنىڭ،
يۇلتۇزلار كۆز قىسىپ، ئىلھاملار قېتىپ.

كۇئېنلۇن زوق بىلەن سىلايدۇ ساقال،
قايىللىق ئىلكىدە تىكىپ بىزگە كۆز.
ناخشامغا مۇجەسسەم ئەقىدە ـ ئىخلاس،
ئىجادتا شان قۇچۇپ بولدى يورۇق يۈز.

شاماللار مەڭزىمگە سۆيىدۇ تاتلىق،
باش ئېگەر خۇش پۇراق گۈلشەندە رەيھان.
مېھنەتنىڭ كۈيىدىن سۆيۈنۈپ ھەر دەم،
سايرايدۇ بۇلبۇللار ئۇرۇشۇپ خەندان.

# ۋىشكىلارغا قونۇپ ئۇلتۇرۇپ

كەڭ زېمىنغا سالىمەن نەزەر،
ۋىشكىلارغا قونۇپ ئولتۇرۇپ.
ئىچ ـ ئىچىمدىن كۈلىمەن خۇشال،
دىلنى قايناق ھېسقا تولدۇرۇپ.

بوران، يامغۇر، تونۇردەك ئاپتاپ،
تەھدىت سالار جېنىمغا مېنىڭ.
تاۋلىغاچقا قەيسەر ئىرادە،
مۇشكۈل كەلمەس يېنىمغا مېنىڭ.

گۈرۈلدەيدۇ ئېگىز ۋىشكىلار،
ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ زېمىننىڭ.
بورغۇلايمەن كېچە ۋە كۈندۈز،
ئوغلى بولغاچ ئۇلۇغ ئېلىمنىڭ.

مۇشكۈللەرگە ئەگمەيمەن بويۇن،
كۆرسەتسىمۇ ھەر قىسما ئويۇن.
يېگى نېفت تاپسام ھەسسىلەپ،
ئاۋام ئاچار ماڭا كەڭ قويۇن.

# ئۇنۇتمايدۇ

ۋەتەنگە تۆھپە قوشقاننى،
ئاۋام ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ.
پەرۋىش قىپ كېچە ـ كۈندۈز،
يىلتىزىدىن قۇرۇتمايدۇ.

كىمكى ئاتسا جاننى،
ۋەتەننىڭ ئىشىغا ھەر چاغ.
ئىزىدىن بولىدۇ پەيدا،
قاقاس چۆل باغرىدا گۈلباغ.

نېفىتچى پىداكارنى،
ئاۋام ماختاپ ئۇلۇغلايدۇ.
كۆزنى يۇمسىمۇ مەردلەر،
ئانا يۇرتۇم ئۇنۇتمايدۇ.

# خۇشال كۈن

تەنتەنىگە چۆمدى كەڭ زېمىن،
ئۇلۇغ ئەلنىڭ بايرىمى كەلدى.
جاراڭلىدى خۇشاللىق سازى،
چىن بەختنىڭ قايىنىمى كەلدى.

كۈلدى ئاسمان، كۈلدى يەر ـ زېمىن،
قۇشلار سايراپ، ئېيتىشتى ناخشا.
بىزنى تۇغقان، ئانا دىيارنى،
ئوخشاتقۇم بار نۇرلۇق قۇياشقا.

ئۇلۇغ ۋەتەن تويۇڭدۇر بۈگۈن،
سېنىڭ تويۇڭ ـ مېنىڭ شادلىقىم.
سەندىن ئۆزگە يوق مېنىڭ بەختىم.
سەنسىز نەدە نىجات تاپىمىقىم.

كۈلدى ۋەتەن، قاقاقلاپ كۈلدۈم،
سەن ياشنىدىڭ گۈلگە پۈركەندىم.
چىللىغاچقا گۈزەل ئىقبالىم،
ئۆتتۇم ئامان تالاي ئۆتكەلدىن.

ئەتەڭ گۈزەل، ئىقبالىڭ گۈزەل،
دېمەك مېنىڭ بەختىم قۇياشتەك.
تەبرىكلەيمەن تويۇڭنى ۋەتەن،
سەن ئانامسەن، مېھرى ئاپتاپتەك.



# پەرىشتە

كۆكنى سۆيگەن ۋىشكا ئۈستىدە،
كۆردۈم سېنى، ئوماق پەرىشتە.
يەردە تۇرۇپ باقسام ھۆسنۈڭگە،
كۆرۈندۈڭ سەن خۇددى ئەرىشتە.

ئاق بۇلۇتتىن سالغان شارپاڭنى،
شامال ئوينار يەلپۈپ ھەر يانغا.
قىزىل گۈلدەك زىلۋا قامىتىڭ،
ئوتلار ياقتى يۈرەككە، جانغا.

بارىكاللا جاسارىتىڭگە،
قايىل بولدۇم ماھارىتىڭگە،
بولدى مانا يۈرىكىم پارە،
چىدىيالماي ھارارىتىڭگە.

رازى بولاي قايرىلىپ بىر پەس،
ماڭا قاراپ كۈلۈپ قوي، جېنىم.
ئوتتا كۆيگەن قىلدەك ھالىمنى،
شاماللاردىن سوراپ قوي، جېنىم.

# ئورۇن ئالدىڭ قەلبىم تۆرىدىن

مەرد، پىداكار نېفىت ئىشچىسى،
قۇدرەت تاپتىڭ قۇياش نۇرىدىن.
ئەلگە قوشقان تۆھپەڭ بىباھا،
ئورۇن ئالدىڭ قەلبىم تۆرىدىن.

چۆلنى ماكان قىلدىڭ بىر ئۆمۈر،
جاپادىنمۇ ئالدىڭ سەن ھوزۇر.
بولغاچ سەندە ۋىجدان ۋە غۇرۇر،
ئورۇن ئالدىڭ قەلبىم تۆرىدىن.

ۋەتەن دېدىڭ كەچتىڭ بارىڭدىن،
تەشەككۈرلەر ياغدى يارىڭدىن.
شادلىق ياڭرار يۈرەك تارىڭدىن،
يازدىم نەزمە ئىلھام زورىدىن.

ئىش - ئىزىڭنى سۆزلىگۈم كېلۇر،
سەندەك ئەلنى كۆزلىگۈم كېلۇر.
